دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنى قىزىتىۋەتتى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ③

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ، ئۆتكۈر نىجات، جانبۇلات مانارېك

شوخ سۇناي چېلىندى، قىزغىن ئۇسسۇل ئوينالدى، مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش دۇمبىقى چېلىندى، يۇمۇرىستىك، قىزىقچى «ئەپەندى» ۋە شەھەر ئاھالىلىرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۈتۈۋالدى...

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بىر مەيدان داغدۇغىلىق قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش مۇراسىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتتى.

كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى سامسىخانا، ياغاچ ئويمىچىلىق دۇكىنى، دوپپا دۇكىنى، چايخانا، ھەمدە ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە خاس قول ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان «بازار»لار ئەتىگەندىلا ئېچىلىپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى سامسىخانىنىڭ ئالدىدا خېرىدارلار ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ كەتكەندى. «دۇكانغا كىرىدىغان خېرىدارلار ئېقىمى كۆپىيىۋاتىدۇ، 300 - 200 ساماسا بىر كۈندە گەپ يوق سېتىلىپ بولىدۇ» دېدى دۇكان لوۋىنى مەمتىمىن ھېيت.

قەشقەر قەدىمىي شەھىرىدىكى دوپپا بازىرىدا، يۈننەن كۈنمىڭدىن كەلگەن سەي خۇايلىڭ دوپپا كىيىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. «نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قەدىمىي شەھەرنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شىزاڭ ئالدىكى سەپىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىمىز ئاپتوموبىل ھەيدەپ بۇ يەرگە كېلىپ، قەشقەرنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ھۇزۇرلاندۇق» دېدى سەي خۇايلىڭ.

قەشقەر شەھىرى كونا شەھەر رايونىدىكى خەتەرلىك، كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش - ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىدا قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنى ئۆزگەرتىش بىلەن ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىرلەشتۈرۈلدى، 2015 - يىلى رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىلىپ دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىغا ئايلاندۇرۇلدى. قەشقەر كونا شەھەر رايونى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى، شۇ جاينىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى تېخىمۇ جانلاندى. ھازىر، قەدىمىي شەھەردە 7000 كىشى بىۋاستە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، 40 مىڭ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ۋاستىلىك تۈرتكە بولدى.

«بۇ بىرنەچچە كۈندە، ساياھەتچىلەرنىڭ سانى تەدرىجىي ئاشتى.» قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىلجان ئابدۇقادىر خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: قەشقەر قەدىمىي شەھىرى دۆلىتىمىزدىكى بىردىنبىر خاسلىققا ئىگە سىرلىق ئوردا شەكلىدىكى شەھەر كوچا رايونى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خام كېسەكتە سېلىنغان ئىمارەت توپى بولۇپ، تېز سۈرئەتتە ياخشىلىنىپ، گۈزەللىشىپ، تېخىمۇ خاسلىققا ئىگە قەدىمىي شەھەرگە ئايلىنىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ قەلبىدىكى «توردا ئالقىشلانغان چوقۇم باردىغان جاي»غا ئايلاندى.

قەدىمىي شەھەر 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالغاندىن بۇيان، نۇرغۇن ساياھەتچىنى بۇ يەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىشكە جەلپ قىلدى، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ساياھەتچى 10 مىڭدىن ئېشىپ، 10 مىڭ 969 ئادەم قېتىمغا يەتتى.

ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، قەدىمىي شەھەردە ئولتۇرىدىغان 5 - ئەۋلاد ياغاچ ئويما ئۇستىسى ھۇسەنجان ھۈسىين بۇ كۈنى دۇكاننىڭ ئىشىكىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئېچىپ، سۇ سېپىپ، يەرنى سۈپۈرۈپ، دۇكاننىڭ ئالدىدىكى كوچىنى پاكىز تازىلىدى، يەنە يېقىندا پۈتتۈرگەن بىرقانچە ياغاچ ئويما ئەسەرنى كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان ئورۇنغا قويىدى. «قەدىمىي شەھەردە ھەر كۈنى ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدىغان كىشىلەر شۇنچە كۆپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ساياھەتچىلەر ئىختىيارسىز دۇكىنىمغا قاراپ قالىدۇ، ياخشى كۆرىدىغان ياغاچ ئويمىلار ئۇچراپ قالسا دۇكانغا كىرىپ پاراڭلىشىدۇ، بىۋاستە سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىغانلارمۇ، مەندىن ياغاچ ئويمىچىلىقنى ئۆگىنىدىغانلارمۇ بار. كېلىدىغان ئادەم بارغانسېرى كۆپەيسە، مېنىڭ ئويمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىم تېخىمۇ كۆپ خىللىشىدۇ» دېدى ھۇسەنجان.

مېۋە - چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى ئەتراپقا تارالدى، خەلق ناخشىلىرى ياڭرىدى... شۇ كۈنى سائەت 14لەردە، قەشقەر قەدىمىي شەھىرىدىكى «گۈلى ئائىلىسى»نىڭ دەرۋازىسى كەڭ ئېچىۋېتىلدى، ئۆزگىچە ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ھېس قىلىش، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى نۇرغۇن فوتو سۈرەت ھەۋەسكارلىرى ۋە ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى. «گۈلى ئائىلىسى»نىڭ ئۆي ئىگىسى سالامەتگۈل قارى بىلەن بوۋىسى ئوينىغان بىر پەدە ناخشا - ئۇسسۇل نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى، كۆپچىلىك بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ، بەس - بەستە يان تېلېفونى، فوتو ئاپپاراتىنى چىقىرىپ، سۈرەتكە تارتىپ، سىنغا ئېلىپ، دوستلار چەمبىرىكىگە يوللىدى.

بۈگۈنكى قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ساقلىنىپلا قالماي، يەنە زامانىۋى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن باشقۇرۇش شەكلى يۇغۇرۇلۇپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت كوچىسى نۇقتىلىق بەرپا قىلىنىپ، ساياھەتچىلەرگە بۇ جايدا ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ يۇغۇرۇلغان ھىدىنى ھېس قىلدۇردى.

كەچقۇرۇن، قەشقەر قەدىمىي شەھىرى تەسراتلىرى كوچىسىدا سەيلە قىلغاندا، كوچا بويىدىكى ئىمارەتلەر ھەم يەرلىك ئالاھىدىلىكنى، ھەم زامانىۋى گۈزەللىكنى ھېس قىلدۇرىدۇ، رەت - رەت دۇكانلار ساياھەتچىلەرنى شادلاندۇرىدۇ. كوچىدا ماڭغاندا، ھەر ۋاقىت ئۆزى ساز چېلىپ ئۆزى ناخشا ئېيتىدىغان دۇكاندار ناخشىچىلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن، ساياھەتچىلەر يول بويى ناخشا ئاۋازىغا جور بولۇپ، ئىختىيارسىز ئويۇن قويۇش سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ، چاۋاك چېلىپ، تەنتەنە قىلىشىدۇ.

ئادىلجان مۇنداق دېدى: قەدىمىي شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش باشلانغاندىن كېيىن، A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى ئىشىك بېلىتى ھەققى ئالماسلىق، «99 يۈەنگە ئېسىل پۇقراۋى قونالغۇدا قونۇش» قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلەر يولغا قويۇلدى، يەنە تورغا چىقىپ ۋىيشىن كىچىك پىروگراممىسىدا «قەشقەرنى ساياھەت قىلىش» سىناق قىلىندى، ساياھەتچىلەر توردا مەنزىرە رايونىدىكى ياتاق، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلارنى زاكاز قىلسا بولىدۇ، يەنە «بۇلۇتتىكى ساياھەت يېتەكچىسى» ۋە ئېسىل لىنىيەلەرنى تەۋسىيە قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەتنى ھېس قىلالايدۇ.

«ئىشىنىمەنكى، قەدىمىي شەھەرنىڭ ساياھەتچىلىكى جەزمەن بارغانسېرى جانلىنىدۇ» دېدى ئادىلجان.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھېكايىسى

## ئىشەنچنىڭ كۈچى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەتىگەندىلا، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 2 - دوختۇرخانا سۆڭەك كېسەللىكلىرى 1 - بۆلۈمى 1 - ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى خەن ياجۈننىڭ يان تېلېفونىغا مۇنداق بىر ئۇچۇر كەلدى: «مېنىڭ ھاياتىم سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا ئىللىقلىققا تولدى، سىزگە رەھمەت، شەپقەتچىم!»

خەن ياجۈن جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ ئۇچۇرىڭىز ماڭا بەخت ھېس قىلدۇردى. بۇ بەخت تۇيغۇسى ماڭا موھتاجلىقتىن كەلگەن، ئۇ مېنى ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىشتەك ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىققا ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ، مەن خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن».

بۇ ئۇچۇر لى خانىمدىن كەلگەنىدى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرى، لى خانىمغا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 4 - بىنا 13 - ئاغرىقلار رايونىغا ئاپىرىلىپ قۇتقۇزۇپ داۋالاندى.

لى خانىمنىڭ دوختۇرخانىغا كىرگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كەيپىياتى تۆۋەن، روھىي ھالىتى چۈشكۈن، داۋالاشقا قارىتا قارشىلىشىش پسىخىكىسى بولغاچقا، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دوختۇرخانىغا كىرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن قىزىشقا باشلىدى، ئۆپكە قىسمىنى CTدا تەكشۈرگەندە كېسەللىك ئۇچقى كۆرۈلدى، ھەر ۋاقىت ئېغىر تىپلىققا ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى.

لى خانىمنىڭ ئېنىق ئېسىدە: «مۇدىر خەن ياجۈن كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ماڭا كېسەللىك ئەھۋالىمنى ئۇقتۇرۇپ، ئۆپكە قىسمىمدا بىر قەدەر ئېغىر يۇقۇملىنىشنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ماڭا ئىلھام بېرىپ، بالامنىڭ ئۆيدە مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمنى ساقلاۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ داۋالاشقا ئاكتىپ ماسلىشىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، سالامەتلىكىمنىڭ چوقۇم بالدۇر ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.» لى خانىم كۆز ئاسراش ئەينىكىدىن خەن ياجۈننىڭ قەتئىيلىك چاقناپ تۇرغان كۆز ئىپادىسىنى كۆرۈپ، «ئىشەنچ»نىڭ كۈچىنى ھېس قىلدى.

«ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئالاقىسىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىشەنچ تۇرغۇزۇش، مەن كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىزگە ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلدىم. ئۆزئارا ئىشەنچ بولغاندىلا ئاندىن پسىخىكا جەھەتتىكى قورقۇنچنى تۈگىتىپ، داۋالاشقا ئاكتىپ ماسلاشقىلى بولىدۇ.» ئاغرىقلارنى ئاكتىپ روھىي ھالەت بىلەن داۋالاشقا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خەن ياجۈن بۇ ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش جەريانىدا، ھەربىر ئاغرىققا قارىتا پسىخىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇردى.

«ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، مەن خەن مۇدىرنى خۇددى بىر دوستۇمدەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم، گەرچە مۇداپىئە كىيىمى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرساقمۇ، ئارىلىق تۇيغۇسى يوق ئىدى» دېدى لى خانىم. بىر قېتىم خەن ياجۈن ئۇنى چاقىلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ ئىتتىرىپ ئاپىرىپ CTغا چۈشۈردى، CT بۆلۈمى كېسەلخانا بىناسىدىن يىراق بولمىسىمۇ، ئايرىش رايونىدىن ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، 500 مېتىرلىق مۇساپە، 33 سېلسىيە گىرادۇسلۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا لى خانىم خەن ياجۈننىڭ كۆز ئاسراش ئەينىكىنىڭ تەر تامچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

«مەن چۈشۈپ ماڭايمۇ؟» «بولمايدۇ، سىزنىڭ ھازىر تېنىڭىز ئاجىز، مەن چوپچوڭ ئەر كىشى تۇرۇپ سىزدەك بىر ۋىجىك خانىمنى ئىتتىرىپ ماڭالماي قالارمەنمۇ؟» خەن ياجۈن قەتئىيلىك بىلەن ئۇنى ئىتتىرىپ ماڭدى، «ئەينى چاغدا كۆزۈمگە ياش كېلىپ كەتتى» دېدى لى خانىم ئەسلەپ.

«تېببىي خادىملار ماڭا كۆيۈندى، ھالىمدىن خەۋەر ئالدى، ھەر خىل دورىلارنى كاردۋات بېشىغا ئەكىلىپ، مەن يەپ بولغۇچە ساقلاپ تۇردى، ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم كۆرسەتكۈچلەرنى تەكشۈردى...» دوختۇر - سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، چىن قەلبىدىن پەرۋىش قىلىشى بىلەن، لى خانىمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تېز سۈرئەتتە مۇقىملاشتى ھەم سالامەتلىكى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى، تەبەسسۇمى بارغانسېرى كۆپەيگەن، كەيپىياتى بارغانسېرى ياخشىلانغان لى خانىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاغرىقلارنى يېتەكلەپ چېنىقىشقا باشلىدى. «بىزنىڭ بۇ ئاغرىقلار رايونىدا تېببىي خادىملار بىلەن ئاغرىقلار بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، چوڭ بىر ئائىلىگە ئوخشايدۇ!»

دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا، لى خانىم مەخسۇس خەن ياجۈننى ئىزدەپ تېپىپ سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. «مېنىڭ ئارزۇيۇم ناھايىتى ئاددىي: سىلەرنىڭ ئامان، ساغلام بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.» دېدى خەن ياجۈن دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلارغا.

ما چياڭ:

# ئاچقۇچلۇق پەيتتە تىرەك بولىمەن

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈ شى

گەرچە ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى بەخت يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى جۇڭخۇەن يولى شىمالىي مەھەللىسىدىكى پېدائىيلار مۇلازىمىتى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن يېقىندىن بۇيان ما چياڭنىڭ تېلېفونى يەنىلا توختىماي سايرىدى، بۇ تېلېفونلارنى ئۇ ئىلگىرى مۇلازىمەت قىلغان مەھەللىدىكى ياشانغانلار ئۇرغانىدى، «شياۋما، ئىشىكىز بولمىسا ئۆيگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭ» «شياۋما، خىزمەت قىلغاندا ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ»... بۇ ئىللىق سۆزلەر ما چياڭنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى.

7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان 40 نەچچە كۈن ۋاقىت ئىچىدە، ما چياڭ جۇڭخۇەن يولى شىمالىي مەھەللىسىدە پېدائىي بولۇپ مۇلازىمەت قىلدى. ئۇ ھەر كۈنى پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ 500 ئائىلىگە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بەردى، مۇلازىمەتتە سەۋرچان، سەممىي، ئەستايىدىل بولغاچقا، نۇرغۇن ئاھالىلەر ئۇنى كۆرگەندە باش بارمىقىنى چىقىرىپ ماختىشاتتى.

جۇڭخۇەن يولى شىمالىي مەھەللىسىدە 2000دىن ئارتۇق ئائىلە بار، مۇلازىمەت قىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ ناھايىتى چارچاپ كەتتى. «ھەر كۈنى نەچچە ئون قەۋەت بىناغا چىقىمەن، بىر كۈندە ئەڭ ئاز بولغاندا 30 مىڭ قەدەم ماڭىمەن.» 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ما چياڭ مۇنداق دېدى: دەسلەپتە ئۆزۈمنىڭ بەرداشلىق بېرەلىشىمگە كۆزۈم يەتمىگەنىدى، ئويلىمىغان يەردىن غەيرەت قىلىشىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەتتىم.

تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش بىرئاز ئاۋارىچىلىك، يەنە جىسمانىي كۈچنى ناھايىتى خورىتىدۇ. تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ما چياڭ «تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا ياردەملىشىش» ۋىيشىن توپى قۇردى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7دە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككىنچى كۈنى سەھەر سائەت 2دە ئاندىن ئۇخلايتتى. ئاھالىلەرنىڭ كۆكتات ۋە دورىلارنى ۋاقتىدا ئېلىشى ئۈچۈن، 40 نەچچە كۈندىن بۇيان، ئۇ كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60 - 50 قېتىم تېلېفون ئۇراتتى، 60 - 50 قېتىم ئاھالىلەرنىڭ ئىشىكىنى چېكەتتى، ھەر كۈنى پىرقىرىغۇچتەك ئالدىراش يۈرەتتى. توختىماي مال يۆتكەش ۋە ئاھالىلەر بىلەن مال سېتىۋېلىش تىزىملىكىنى سېلىشتۇرۇش ما چياڭنى ھەر كۈنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمدۈرۈۋېتەتتى، ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كېتەتتى. مۇداپىئە ئېھتىياجى ئۈچۈن، ما چياڭ ھەرقانچە بىئارام بولسىمۇ مۇداپىئە كىيىمىنى سېلىۋەتمىدى، ماسكىسى ۋە بۆكنى ئېلىۋەتمىدى، بەدىنىگە يەنە نۇرغۇن ئەسۋە چىقىپ كەتتى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پىدائىي بولۇپ مۇلازىمەت قىلىش قەدىمىنى توسۇپ قالالمىدى.

«بۇنداق يۇقىرى سىجىللىقتىكى جىسمانىي كۈچ خورىتىشنى ئەزەلدىن باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدىم، ئەمما، يۇقۇم ئالاھىدە مەزگىلدە، ھەرقانچە جاپا تارتسامۇ ئەھمىيەتلىك ھېس قىلدىم. ئاچقۇچلۇق پەيتتە تىرەك بولۇشنىڭ ئۆزى ناھايىتى قىممەتلىك.» ما چياڭ مۇنداق دېدى: مەن ھەر قېتىملىق مۇلازىمەتتىن كېيىن، «بۇ يىگىت بولىدىكەن» «جاپا چەكتىڭلار» «سالامەتلىكىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، غەيرىتىم ناھايىتى تولۇپ - تاشقاندەك ھېس قىلدىم.

جۇڭخۇەن يولى شىمالىي مەھەللىسىدە نۇرغۇن يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغانلار بار بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياشانغانلار ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ، ۋىيشىن ئىشلىتىشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. پېدائىي بولۇپ مۇلازىمەت قىلغان مەزگىلدە، «مېھىر - شەپقەت كۆكتاتلىرى» «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش دورىلىرى»نى يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغانلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش ماچياڭنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. فۇ يۈمېي ئىسىملىك يالغۇز تۇرىدىغان بىر ياشانغان كىشى زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىشتا ماچياڭنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى، بۇنىڭدىن سىرت، ئۆيىدىكى جۈمەك، يېقىلغۇ گاز ئوچىقىنىڭ كىلاپانى بۇزۇلۇپ قېلىش قاتارلىق تۇرمۇشتىكى قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندىمۇ ماچياڭ ھەمىشە ئامال قىلىپ بىرىنچى ۋاقىتتا ھەل قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئامال - چارە ھامان قىيىنچىلىقتىن كۆپ ئىكەن.

«بەزى بوۋاي - مومايلار ‹ئۆيدىلا› تۇرغاچقا، كەيپىياتىدا داۋالغۇش كۆرۈلۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى، كۆكتات ۋە دورىلارنى تاپشۇرۇۋالغاندا ئۇنى - بۇنى سورايتتى، مەن ئۇلارغا سىلىق گەپلەر بىلەن تەسەللىي بەردىم.» ماچياڭنىڭ دېيىشىچە، يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغانلارنىڭ پسىخىك ھالىتىمۇ ئۇ مۇلازىمەت قىلغان مەزگىلدە ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشقا ئايلانغان، چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ قېرىيدىغان ۋاقتى بولىدۇ، ئۇ ھەربىر ياشانغان كىشىگە ئىشەنچ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئۆيدە تۇرۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، شۇنداقلا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ئويلىغانىدى. ھازىر، ماچياڭ خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدى، ھەر كۈنى ناھايىتى ئالدىراش بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا پېدائىي بولۇپ مۇلازىمەت قىلغان مەزگىلدىكى ئادىتىنى ساقلاپ، ئاھالىلەر ۋىيشىن توپىدا كۆپچىلىكتىن ئەھۋال سوراپ، ئاھالىلەرگە شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىشنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. «يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا، ھەربىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.» ماچياڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت بولسىلا، مەن يەنە تېخىمۇ كۆپ پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيىتىگە قاتنىشىمەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

7 - ، 8 - ئايدا سىرتقا يەتكۈزگەن توك مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 10 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئېشىپ، سىرتقا يەتكۈزگەن توك مىقدارى جەمئىي 22 مىليارد 200 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 71% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 8 - ئايدا شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش توك مىقدارى 11 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 79.43% ئاشتى.

يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارىنىڭ شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈشتە ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. ئالدىنقى سەككىز ئايدا، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارى 18 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن ئومۇمىي توك مىقدارىنىڭ 28.28%ىنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئېنېرگىيە ئىستېمالى قۇرۇلمىسىنىڭ ئەلالىشىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش توك مىقدارى كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ بايلىقنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىدىن بولدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا «ئىچكى قىسمىنى تەمىنلەيدىغان تۆت ھالقا تور، سىرتقا يەتكۈزىدىغان تۆت يول»دىن ئىبارەت ئاساسىي تور رامكىسى ئەندىزىسى بەرپا قىلىنىپ، ئەڭ چوڭ سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 16 مىليون 400 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، شىنجاڭ توك مەنبەسى بازىسىنىڭ خۇادۇڭ، خۇاجۇڭ رايونلىرى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بازىرى بىلەن بىۋاستە تورلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يەنە شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش سودا سۇپىسى تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بازىرىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقى ئۆستى ھەم ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، توك تارقىتىش ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق سودا تۈرلىرى تەتقىق قىلىپ ئېچىلىپ، 7 - ، 8 - ئايدا جەمئىي 27 تۈركۈم قېتىم بازارلاشتۇرۇش سودىسى تەشكىللىنىپ، 5 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەت توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش توختامى تاماملىنىپ، بۇ ئىككى ئايدا سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىدى.